# ئىسلامى مۇنبەر ۋە تائەت-ئىبادەت

[ الأويغورية - Uyghur - ئۇيغۇرچە ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿هل الإشراف على المنتدى أفضل﴾

## أم قراءة القرآن وفعل الطاعات ؟

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ئىسلامى مۇنبەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئەۋزەلمۇ ياكى پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشمۇ؟

101732- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىز بىر گۇرۇپ قىز-خانىملار، ساغلام ئىقىمدىكى ئىسلامى مۇنبەرلەردە باشقۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيمىز، شۇنداقلا بۇ سەۋەبلىك مۇنبەردە نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرىمىز، بىزنىڭ مۇنبەرلەردە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمىز دىنى دەۋەت ھېسابلىنامدۇ؟ مۇنبەردە باشقۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئەۋزەلمۇ ياكى قۇرئان ئوقۇش ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىشمۇ؟

جاۋاب:

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن بولۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ مەنپەئەتلىك يولدۇر. مەنپەئەتى ئۆزىدىن باشقىلار دائىرىسىگە ھالقىغان ئىبادەتتۇر. شۇنداقلا بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ تۇتقان

يولىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، كىشىلەرنى ئاللاھ قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكدۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.» [سۈرە يۇسۇپ 108-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە "مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟.» [سۈرە پۇسسىلەت 33-ئايەت].

ئاللاھنىڭ دىگىنىگە دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئىلىش توغرىسىدا كىتاب ۋە سۈننەتتە نۇرغۇنلىغان ئايەت ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا ئۇ ئادەمگە شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 2674- ھەدىس].

«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى يەر يۈزىدىكى ھەممە جانلىقلار ھەتتاكى ئۇۋۇسىدىكى چۈمۈلە ۋە دېڭىزدىكى كىتمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكەنلەرگە سالام يوللايدۇ» [تىرمىزى رىۋايىتى 2685-ھەدىس].

دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاستىلىرى ھەر تۈرلۈك بولۇپ، ھازىرقى زاماندا مەسچىتلەردە ۋەز-نەسىھەت ۋە تەبلىغ قىلىش، دەرسخانىلاردا لېكسىيە سۆزلەش، ئېنتېر تورى، مۇنبەر ۋە سۆھبەتخانىلار ئارقىلىق ئىسلامى دەۋەتنى يەتكۈزۈش، ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ يوللىرىدۇر.

جۈملىدىن ئىسلامى مۇنبەرلەرنى تەسىس قىلىش ۋە شەخسلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ياخشىلىققا يېتەكلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە چاقىرىشتا قوللىنىدىغان ۋاستىدۇر. بەلكى ئىسلامى مۇنبەرلەر جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاقارتىش خىزمىتىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئاللاھتىن بۈيۈك ئەجىر ئۈمىد قىلىنىدۇ.

ئەمما ئىسلامى مۇنبەرلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلار، مۇنبەرنىڭ خىزمەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىمەن دەپ، ئەھمىيەت بېرىشى ئۈنىڭدىنمۇ مۇھىمراق بولغان، ئائىلە ۋە پەرزەنت مەسئۇلىيىتى، شەرئى بىلىملەرنى ئۆگۈنۈش، ناماز ۋە زىكىرلار، قۇرئان كەرىم ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن غاپىل بولماسلىقى لازىم. بەزى كىشىلەر مۇنبەردىكى خىزمىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇھىم ئىشلارنى تاشلاپ قويىدۇ. مۇنبەر خىزمىتى بىلەن ئائىلە مەسئۇلىيىتى ۋە تائەت-ئىبادەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەممىسىگە نورمال مۇئامىلە قىلىش ھەممىدىن ياخشىدۇر. يەنى نېمىنىڭ مۇھىم ۋە نېمىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

سەھەر ۋاقتىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىش: ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇش، زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئىستىغپار بىلەن مەشغۇل بولۇش.

تەلىم-تەربىيە جەريانىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىت: تەلىم ئېلىش جەريانىدا ئۆگۈنىشكە يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەنت بولۇش.

ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: ئارافات كۈنىدىكى ۋاقىتتۇر.

كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدۇر.

رامىزان ئېيىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىتلار رامىزانىنىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈندۇر. بۇ ۋاقىتلاردا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە ئارىلاشماي زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇش ھەتتا ئىلىم تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن ھېسابلىنىدۇ.

سۆزىمىزنى خۇلاسىلىساق: مۇنبەرلەردە دەۋەت ئېلىپ بېرىش بولسا، ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ بىر تۈرىدۇر ۋە ئۇنى تاشلىماستىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. لېكىن مۇسۇلمان ۋاقتىنى تەرتىپلىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، دىنى تەشۋىقاتقا ۋاقىت، ناماز ئادا قىلىشقا ۋاقىت، تىجارەت ۋە كەسىپكە ۋاقىت،

قۇرئان ئوقۇشقا ۋاقىت، ئائىلە ۋە پەرزەنت تەربىيىسى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز يولىدا ۋاقىت ئاجرىتىش نەتىجىسىدە، ھەر ئىشنىڭ ھەققىنى ۋاقتىدا ۋە جايىدا ئادا قىلغان بولىمىز.

ھەممىمىزگە ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلسۇن.